# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش

نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z

(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)

新疆日报

（维文）

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

1996 - يىل

ئىيۇل

23

سەيشەنبە


## سانجى ئوبلاستىدىكى ئالتە ناھىيە، شەھەر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **شي شۈيجياڭ، ۋۇيىن، شېي جۇنرېن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنى سەھەرگىچە سانجى ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە، شەھەردە ئوموميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر يېغىپ، قىيان كەلگەنلىكتىن بىر مۇنچىلىغان سۇ ئامبارلىرى، دەريا ئېقىنلىرىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلدى.

سانجى ئوبلاستىدىكى ئالتە ناھىيە، شەھەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۇلار ئىچىدە قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن فۇكاڭ شەھىرى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئوبلاست بويىچە 60 مىڭ مودىن ئارتۇق كېۋەز، بۇغداي، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە بىر قانچە ئون مو يەردىكى ئوت-چۆپلۈكنى سۇ بېسىپ كەتكەن ياكى ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1500 نەچچە مو بېلىق كۆلى زىيانغا ئۇچرىغان، بىر قىسىم چارۋا ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن. 360 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى يوللىرىنى سۇ بۇزۇۋەتكەن. دۆلەت تاشيولى «312»، «216» نىڭ بىر قانچە يېرىنى سۇ چېقىپ كېتىپ، قاتناش توختاپ قالغان. بىر سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى يار ئېلىپ كەتكەن. بىر قانچە كەلكۈن توسمىسى ۋە سۇچىلىق تۇگۈن قۇرۇلۇشىنى، 40 نەچچە كۆۋرۈك، 50 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ئۆستەڭنى سۇ بۇزۇۋەتكەن. شەرقىي قىسىمدىكى تۆت ناھىيە، شەھەردە توك، پوچتا ئالاقىسى توختاپ قالغان، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان فۇكاڭ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىدىن 2600 نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىۋالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 350 نەچچە ئائىلىلىكنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. 3500 دىن ئارتۇق كىشى ئاپەتكە ئۇچرىغان، ئورغۇن ئاھالە ماكانسىز قالغان، دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 11 كىشى ئۆلگەن، 20 نەچچە كىشى يارىلانغان، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىز - دېرىكى يوق ئىكەن.

مۇشۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى سائەت 12 دە كەلكۈن تەھدىتى ئېغىر بولغان پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئۈچ نەپەر سۇچىلىق مۇتەخەسسىسنى باشلاپ سانجى شەھىرىنىڭ سەنتۇنخې سۇ ئامبىرىغا كەلدى. سانجى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇجيايەن ئەتكەن سائەت بەشتە بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ۋاڭ لېچۈەن سانجى ئوبلاستى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن سۇ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى يېقىندىن كۆزىتىپ، دىجورنىلىقنى كۈچەيتىپ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، چوڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، بارلىق كۈچ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا زىيان سالدى

### ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر 1 - سەپكە بېرىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز **چېن يەن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىراش ئىشلىدى، تېلېفون ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي بولدى، بۇ يەردە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ماگا مۇنداق دېدى: 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەلىكىدىكى تەگرىتېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭ دائىرىدە ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، بىر قانچە ئون دەريا ۋە بارلىق جىلغىلاردا بىر قانچە يۈز يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، جايلاردىكى ھەربىي ۋە خەلق كېچە-كۈندۈز جاسارەت بىلەن ئاپەتكە تاقابىل تۇرماقتا. ھاۋارايى تارماقلىرىنىڭ تەھلىل قىلىپ مۆلچەرلىشىچە، مۇشۇ ئاينىڭ 24 - كۈنىنىڭ ئالدى- كەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە خېلى قاتتىق يامغۇر ياغىدىكەن. جاڭ خېڭ جايلار، تارماقلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ قېتىمقى يامغۇر خېلى قاتتىق ياغدى، ياغقان ۋاقتى ئۇزاق، دائىرىسى كەڭ بولدى. نەتىجىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، تارباغاتاي، سانجى، بايىنغولىن ۋە شىخەنزە قاتارلىق ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 20 ناھىيە، شەھىرىدە ئېغىر ئاپەت يۈز بەردى، قۇتۇبى، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرىغا، فۇكاڭنىڭ شەھەر ئىچىگە، نەنشەن كان رايونىغا سۇ كىرىپ كەتتى، بىر قانچە ئون يېزىنى سۇ بېسىۋالدى، بىر قانچە ئون مىڭ كىشى قاپسىلىپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى - لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريوللىرى، «216»، «217»، «218»، «32»، «314» دۆلەت تاشيوللىرى ۋە ئۆلكە تاشيوللىرى، ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملار كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پائال قاتناشماقتا

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **ۋەن زۇگلىن، سۇڭ جىڭلى**، قىسىمدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شيەنبىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق تارماقلىرى خەلق ئەسكەرلىرىنى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تېز تەشكىللىدى ۋە سەپەرۋەر قىلدى.

ئېغىر ئاپەت رايونى بولغان ئۈرۈمچىدە شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى ليۇبىڭيەن، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ۋېيچېڭ ئورگان ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىدىكى 100دىن ئارتۇق كوماندىر - جەڭچىنى باشلاپ، 1000دىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، تونىدىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسىنى يەتكۈزۈپ بەردى. 125 يارىدار - كېسەلنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلاردىكى خەلق قوراللىق تارماقلىرى خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق قوغداش شۆبە ئەترىتىنىڭ 200دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئاجرىتىپ، كېچە - كۈندۈز چارلاپ دىجورنىلىق قىلىشقا قويۇپ، مۇھىم نىشانلارنى چارلاپ تەكشۈرۈپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىدى.



7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ماناس دەرياسىدا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرماقتا.

گېزىتىمىزنىڭ قىسىمدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى **لوشۈنيۇ** فوتوسى

## ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - يىغىنى ئۈنگكۈزۈلۈشكە باشلىدى

## رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت كانادالىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز **چېن جيەن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت

# لى پېڭ خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدە ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 21-ئىيۇل تېلېگراممىسى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەم ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ۋەكالىتەن، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خېيىم-خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ 1-سېپىدە جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان كادىرلار، ئامما بولۇپمۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسملاردىكى كوماندىر-جەڭچىلەر ۋە ج خ كادىر-ساقچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى، كۆپچىلىكنى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

لى پېڭ زۇڭلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىگە بېرىپ، مۇئاۋىن زۇڭلى جياڭ چۈنيۈن بىلەن بىرلىكتە تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۇڭتىڭخۇ كۆلى ئاپەت رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان چاڭدې شەھىرىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەن ئاممىنى ۋە كەلكۈن بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ۋە ج خ كادىر-ساقچىلىرىنى يوقلىدى. 7-ئاينىڭ 21-كۈنى لى پېڭ بىلەن جاڭ چۈنيۈن خۇبېيغا كېلىپ، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. لى پېڭ زۇڭلى يەنە خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش-ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.



لى پېڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋۇخەن بۆلىكىدە خەۋپتە قالغان لۇڭۋاڭمياۋ رايونىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.
شىنخۇا ئاگېنتلىقى

لى پېڭ مۇنداق دېدى: ئېغىر ھۆلچىلىك ئاپىتىدە خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، خەلق ئاممىسى بىرلىكتە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر ئاپەت رايونىدىكى خەلق خاتىرجەم، جەمئىيەت مۇقىم بولدى. لېكىن كەلكۈن مەزگىلى تېخى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار قىلچە بوشاشماي، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

لى پېڭ كۆپچىلىكنى ھۆلچىلىك ئاپىتىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 40 نەچچە يىللىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىز كۈچەيدى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتا مول تەجرىبە توپلىدۇق. كۆپچىلىك ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولسا، ئاپەت ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

لى پېڭ بۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-خەۋپتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىر قولدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنى، يەنە بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى تۇتۇش لازىم. ئاممىغا تايىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يۇرتنى قايتا گۈللەندۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە كەلكۈن پەسەيگەن جايلار يىغىش، تېرىش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇ بۇزۇۋەتكەن قۇرۇلۇشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

### خۇجىنتاۋ خۇەيخې دەرياسىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

## جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كەلكۈننىڭ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 20-ئىيۇل تېلېگراممىسى. ئەنخۇي ئۆلكىسىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى خۇجىنتاۋ تۈنۈگۈن خۇەيخې دەرياسىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر، خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەزىيىتى جىددىي، ۋەزىپە مۈشكۈل. جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، كەلكۈننىڭ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئاپەت بولغان رايونلارغا بېرىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا قوزغاپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

خۇجىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خۇەيخې دەرياسىنى تىزگىنلەش - چوڭ ئىش، سوتسىيالىزمنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خۇەيخې دەرياسىنى ياخشى تىزگىنلەش كېرەك.



جۇڭگو تەنھەرىكەتچىسى تاڭ لىڭشېڭ 26-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 59 كىلوگراملىقلار بويىچە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مۇسابىقىسىدە 307.5 كىلوگرام نەتىجە بىلەن دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ، بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن 3-ئالتۇن مېدال ئېلىپ بەردى.

سۈرەتتە: تاڭ لىڭشېڭ مۇكاپات سۇپىسىدا.



جۇڭگو چېلىشچىسى شېڭ زېتيەن 7-ئاينىڭ 21-كۈنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قەدىمكى چېلىشىش تۈرىنىڭ 57 كىلوگراملىقلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى. بۇ يىل 22 ياشقا كىرگەن شېڭ زېتيەن 25-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇشۇ تۈرىدە مىس مېدالغا ئېرىشكەنىدى.

### جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى كورىيە كوماندىسىنى تەستە يەڭدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاتلانتا، ... ئېرىشكەن كورىيە كوماندىسىنى تەستە

